# يولداش چېن يۈن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

(2005-يىل 6-ئاينىڭ 13-كۈنى)

خۇ جىنتاۋ

مىللەتلەر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

在陈云同志诞辰100周年纪念大会上的讲话:2005年6月13日/胡锦涛著;中国民族语文翻译中心译.—北京:民族出版社,2005.6
ISBN 7—105—07065—X
Ⅰ.在… Ⅱ.①胡…②中… Ⅲ.①胡锦涛—讲话—维吾尔语(中国少数民族语言)②陈云(1905～1995)—生平事迹—学习参考资料—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.①D2—0②K827=7

中国版本图书馆CIP数据核字(2005)第067170号

**在陈云同志诞辰100周年**

**纪念大会上的讲话**

(2005年6月13日)

胡 锦 涛

中国民族语文翻译中心译

民族出版社出版发行

(北京市和平里北街14号 邮编100013)

中国民族语文翻译中心微机照排

迪鑫印刷厂印刷 各地新华书店经销

2005年6月第1版 2005年6月北京第1次印刷

开本:850×1168毫米 1/32 印张:0.75

印数:500册 定价:1.00元

# يولداش چېن يۈن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

(2005-يىل 6-ئاينىڭ 13-كۈنى)

## خۇ جىنتاۋ

**يولداشلار ، دوستلار :**

بۈگۈن بىز بۇيەرگە جەم بولۇپ ، يولداش چېن يۈن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى داغدۇغىلىق خاتىرىلەۋاتقان چېغىمىزدا ، ئۇنىڭ مىللىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىكى ، خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشى ، خەلقىمىزنىڭ بەخت-سائادىتى يولىدا ياراتقان تارىخىي تۆھپىسىنى چوڭقۇر ئەسلەيمىز ، ئۇنىڭ پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلغان ئالىيجاناب خىسلىتىنى ئەسلەيمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىمىز ، شۇئارقىلىق پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشقا ئاتلىنىپ ، بىرنىيەت ، بىرمەقسەتتە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغۋار ئىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا يەنىمۇ ئىلھاملاندۇرىمىز .

يولداش چېن يۈن ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى ، سىياسەتچى ، مەشھۇر ماركسىزمچى ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشغا يول ئاچقۇچى ۋە ئاساس سالغۇچىلاردىن بىرى ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزاق سىناقتىن ئۆتكەن مەشھۇر رەھبىرى ، پارتىيىنىڭ يولداش ماۋ زېدۇڭ يادرولۇقىدىكى 1-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى 2-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ مۇھىم ئەزاسى .

100-يىلنىڭ ئالدىدىكى بۈگۈنكى كۈندە يولداش چېن يۈن جياڭسۇ ئۆلكىسى چىڭپۇ ناھىيىسى لىيەنتاڭ بازىرىدىكى بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇچاغدا ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان ، سىرتتا جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراۋاتقان ، ئىچكى جەھەتتە فېئودال مۇستەبىتچىلىكنىڭ زۇلمىغا ئۇچراۋاتقان ، جۇڭگو خەلقى ۋە نۇرغۇن غايىلىك ، ئىرادىلىك كىشىلەر ۋەتەننى ۋە خەلقنى قۇتقۇزۇش يولىنى جاپالىق ئىزدەۋاتقانىدى . يولداش چېن يۈن كىچىككىدىن تارتىپ جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرمۇش كەچۈرۈپ ، كۆپ جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن . 1919-يىلى پارتلىغان 4-ماي ھەرىكىتى ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئۆسمۈر چېن يۈننىڭ ساددا ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئويغاتقانىدى . يولداش چېن يۈن 1925-يىلى شاڭخەيدە 30-ماي ھەرىكىتىگە ۋە ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلاش ھەرىكىتىگە قاتناشقان . ئۇ ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ سىناقلىرىدا جەزمەن جەمئىيەتنى ئۆزگەرتكەندىلا ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن . شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، ئۇ كەسپىي ئىنقىلابچىغا خاس ھاياتىغا قەدەم تاشلاپ ، ئۇلۇغۋار كوممۇنىزم ئىشلىرىنى ئۆمۈر بويى توختىماي كۈرەش قىلىدىغان نىشان قىلغان . يولداش چېن يۈن يەر ئىنقىلابى

ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋاقتىدىن تارتىپ ئازادلىق ئۇرۇشىغىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ پارتىيە ۋە ئارمىيە ئىچىدە نۇرغۇن مۇھىم رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن ، يولداش چېن يۈن ئىشچىلار ھەرىكىتى ۋە دېھقانلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلغاندا ياكى دۇنياغا تونۇلغان جۇڭگو ئىشچى-دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى ئۇزۇن سەپىرىگە قاتناشقاندا بولسۇن ، ئەۋجىگە چىققان ياپون مىلىتارىزم تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا قاتنىشىشتا ياكى جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇش ئازادلىق ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشقا قاتنىشىشتا بولسۇن ، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشتا ياكى شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ ۋە سەنشى-سۈييۈەن چېگرا رايونىنىڭ مالىيە-ئىقتىساد خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشتا بولسۇن ، مۇستەھكەم شەرقىي شىمال تايانچ بازىسىنى بەرپا قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش-قاتنىشىشتا ياكى شەرقىي شىمالدا ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قايتىدىن قۇرۇش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشتا بولسۇن ، باشتىن-ئاخىر جاپادىن ۋە خەۋپ-خەتەردىن قورقماي ، ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ ، ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلاپ ، شىجائەت بىلەن ئىشلەپ ، ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىل-پاراسىتى ۋە ئالاھىدە خىزمىتى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭ تۈزگەن بىر قاتار چوڭ-چوڭ ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قازىنىشى ۋە يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، يولداش چېن يۈن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ، ج ك پ

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى ، مەمۇرىي ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى قوشۇمچە مالىيە-ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ ، يولداش ماۋ زېدۇڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيىنىڭ 1-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولۇپ قالدى . ئۇزاق ۋاقىت ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مالىيە-ئىقتىساد خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئىجادىي يوسۇندا ئىزچىللاشتۇرۇپ ، نۇرغۇن توغرا يېتەكچى ئىدىيە ، توغرا خىزمەت فاڭجېنى ۋە چوڭ-چوڭ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە خەلق ئىگىلىكىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلىش ، ئاشلىق ، پاختا قاتارلىق ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بىرتۇتاش سېتىۋېلىش ۋە بىرتۇتاش سېتىپ بېرىش يولىنى تۇتۇش ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى قەدەم باسقۇچلۇق قانات يايدۇرۇش ، دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك سانائەتلىشىشى ۋە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئاساس سېلىش ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى . يولداش چېن يۈننىڭ مەملىكەت بويىچە مالىيە-ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا نامايان قىلغان ئاجايىپ ئىقتىدارىغا يولداش ماۋ زېدۇڭ ئاپىرىن ئوقىدى ، پۈتۈن پارتىيە ئۇنىڭدىن قايىل بولدى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلدى ھەمدە

پارتىيىمىزنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى بىتچىت قىلىشقا دائىر تەدبىر بەلگىلەش جەريانىغا ۋە كۆرشىگە ئاكتىپ قاتناشتى. يولداش چېن يۈن پارتىيىنىڭ چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدا يې جيەنيىڭ، لى شيەنـنيەن قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىللە تۇرۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراش يېتەكچى فاڭجېنىنى ئاكتىپ قوللىدى. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىندا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يادرولۇق رەھبەرلىك ئورنى تىكلەندى، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەشكە دائىر ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرلەر بەلگىلەندى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە دائىر يېڭى سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش قارار قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇش ئەمەلگە ئاشتى. يولداش چېن يۈن شۇ يىغىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە قايتىدىن سايلاندى ھەمدە ج ك پ مەركىزىي كومىتېت ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 1-شۇجىلىقىغا سايلاندى. يولداش چېن يۈن پارتىيە 13-قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى مەسلىھەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆتەپ كەلدى. ئۇ پارتىيىنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى 2-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كومىتېتىدىكى باشقا يولداشلار بىلەن بىرلىكتە، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنى

يېتەكلەپ ئىدىيىۋى لۇشيەن ، سىياسىي لۇشيەن ۋە تەشكىلىي لۇشيەن جەھەتتە قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ ، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تارىخىي ئورنىغا ئىلمىي باھا بېرىپ ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەننى تۈزۈپ چىقتى ۋە ئىجرا قىلدى ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىختىن قېپقالغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ۋە رېئال تۇرمۇشتا كۆرۈلگەن يېڭى مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىپ ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، كادىرلار قوشۇنىدا يېڭىلار بىلەن كونىلارنىڭ ھەمكارلىقى ۋە ئالمىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بولۇپمۇ ھەم ئەخلاقلىق ، ھەم ئىختىساسلىق زور بىر تۈركۈم ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش ئىشىنى چىڭ تۇتۇپ ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ ، ئېلىمىزدە سوتسىيالىزم ئىشلىرى راۋاجلىنىدىغان يېڭى دەۋرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتتى . يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان ئۇلۇغ مۇساپىدە يولداش چېن يۈن زور تۆھپە قوشتى .

يولداش چېن يۈن پارتىيىمىز ئىقتىسادىي خىزمىتىنىڭ مەشھۇر رەھبىرى . ئۇنىڭ ئۇزاق ۋاقىت مەملىكەت بويىچە مالىيە-ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ ياراتقان مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى ۋە قولغا كەلتۈرگەن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى كىشىلەردە ئۇنتۇلماس تەسىر قالدۇردى . ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا دائىر بەزى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەردە ، بولۇپمۇ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن مۇھىم پەيتلەردە ، كىشىلەر ھامان يولداش چېن يۈننىڭ پىكرىنى ئاڭلاشنى خالايتتى ، ئۇمۇ ھامان

كۆپچىلىكنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى تولۇق ئىگىلەپ ، ئەجەللىك مەسىلىنى تۇتۇپ ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى ئۆزۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويالىتى . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە ، يولداش چېن يۈننىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن تەشكىللىشى ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا ، بىرىيلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا ، پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز مەملىكەت بويىچە مالىيە-ئىقتىسادنى تېزدىن بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، پۇل مۇئامىلە ۋە مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ، كونا جۇڭگودىن قېپقالغان ئىقتىساد خارابلاشقان ، مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەۋاتقان ، ئىقتىساد قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتقان مۇشكۇل ۋەزىيەتنى ئوڭشىدى .

يولداش چېن يۈن ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك سانائەتلەشتۈرۈش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ ، ئاكتىپلىق بىلەن چەت ئەلنىڭ پايدىلىق تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىپ ، 1-بەش يىللىق پىلاننى تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىش ئىشىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك رىياسەتچىلىك قىلىپ ، پارتىيىمىزنىڭ سانائەتلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشى ئۈچۈن قىممەتلىك تەجرىبە توپلاپ بەردى . يولداش چېن يۈن سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش جەريانىدا مۇشۇ خىزمەتنىڭ كونكرېت مەسئۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى . يولداش چېن يۈن سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالغاندىن كېيىن ، ئەمدىلا تىكلەنگەن سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى قانداق قىلىپ ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي

ئەھۋالىغا تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈستىدە پائال ئىزدەندى. ئۇ «ئۈچ ئاساسىي گەۋدە، ئۈچ تولۇقلىما» ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سودا-سانائەت ئىگىلىكى جەھەتتە، دۆلەت ئىگىلىكى بىلەن كوللېكتىپ ئىگىلىكنى سودا-سانائەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى قىلىش، مۇئەييەن ساندىكى يەككە ئىگىلىكنى تولۇقلىما قىلىشنى؛ ئىشلەپچىقىرىش پىلانى جەھەتتە، پىلانلىق ئىشلەپچىقىرىشنى سانائەت-يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى قىلىش، بازار ئۆزگىرىشىگە قاراپ دۆلەت پىلانىدا ئىجازەت بېرىلگەن دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەركىن ئىشلەپچىقىرىشنى تولۇقلىما قىلىش؛ ئوبوروت ساھەسىدە، دۆلەت بازىرىنى سوتسىيالىستىك بىرتۇتاش بازارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى قىلىش، دۆلەت رەھبەرلىك قىلىدىغان مەلۇم دائىرىدىكى ئەركىن بازارنى تولۇقلىما قىلىشنى تەكىتلىدى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلگەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىساد ئەندىزىسىدىن ھالقىغان يېڭى تەسەۋۋۇر بولۇپ، شۇچاغدا ئىنتايىن قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش ئىدى. ئۇ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە خەلق گۇڭشېسىلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەرنى خېلى بالدۇرلا سەزگەن ھەمدە ئىنتايىن مۇشكۈل شارائىتتا چامى يەتكۈچە تەدبىر قوللىنىپ، زىياننى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقانىدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىنىڭ ئاخىرى ۋە 60-يىللىرىنىڭ بېشىدا، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئېغىر قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى. يولداش چېن يۈن يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ قوللىشى بىلەن، ليۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرلىكتە، خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى

ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىپ ، بىرقاتار توغرا سىياسەت-تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەسلىگە كېلىشى ھەمدە گۈللەپ ياشناۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ يېڭىباشتىن زاھىر بولۇشىغا تۈرتكە بولدى . ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زاماۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا خاس تارىخىي يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ، يولداش چېن يۈن خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى . ئۇ ئېلىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا دائىر تەجرىبە-ساۋاقلارنى سىستېمىلىق يەكۈنلەپ ، ئىلگىرىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە خاتالىقنىڭ ئاساسىي مەنبەسى «سول»چىل يېتەكچى ئىدىيە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى . ئۇ سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا ، پىلان ، نىسبەت بولغان بىلەنلا بولمايدۇ . يەنە بازار ئارقىلىق تەڭشەشمۇ بولۇش كېرەك دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇنىڭ بۇ مۇھىم تونۇشى بىزنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلەشكەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ئاسارىتىدىن بۆسۈپ ئۆتۈشىمىزدە كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەندى . شۇ قېتىمقى تەڭشەش ئارقىلىق ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» خەلق ئىگىلىكىگە ئېلىپ كەلگەن ئېغىر قىيىنچىلىق كۆرۈنەرلىك پەسىيىپ ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ ئەتراپلىق قانات يېيىشىغا زۆرۈر شارائىت يارىتىلدى . يولداش چېن يۈن يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەشەببۇس قىلغان ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى ئاكتىپ قوللىدى ۋە ئاكتىپ يولغا قويدى ھەمدە ئۆزى ئۇزاق ۋاقىت رەھبەرلىك قىلغان ئىقتىسادىي خىزمەت جەھەتتىكى مول تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ، چوڭقۇر تەسىر قوزغايدىغان نۇرغۇن مۇھىم پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى . يولداش چېن يۈن ئىزچىل تۈردە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى ، پۈتۈن

مەملىكىتىمىزدىكى خەلقنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا ئالاقىدار ئىش بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ ئىش ، قۇرۇلۇش كۆلىمىنى جەزمەن دۆلەت كۈچىگە لايىقلاشتۇرۇش ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن خەلق تۇرمۇشىغا جەزمەن تەڭ ئېتىبار بېرىش ، جەزمەن تەڭپۇڭ قىلىش كېرەك ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك . ئىشنى ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە بېجىرىش ۋە تېگىشلىك دەرىجىدە دۆلەت ئارىلىشىش يولىنى تۇتۇش ، جۇغلانما بىلەن ئىستېمالنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىش ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ نىسبەت بويىچە ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم .

ئۇ يەنە مۇنداق تەكىتلەيدۇ ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىكى ئاخىرقى مەقسەت خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ، «دېھقانچىلىق بولمىسا ، مۇقىملىق بولمايدۇ» ، «ئاشلىق بولمىسا قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ» دەيدىغان تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئەستە چىڭ تۇتۇش كېرەك ۋاھاكازالار . بۇ مۇھىم ئىدىيىلەر بىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىلگىرى سۈرۈشىمىز ئۈچۈن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە . يولداش چېن يۈن ئۆز خىزمىتىنى دائىم خەلق مەنپەئىتى نۇقتىسىدىن تەكشۈرەتتى ، مەن قورساق تويغۇزۇش-كىيىنىش ئىشىغا مەسئۇل ئادەم ، «ئەگەر بىز خەلقنىڭ قورساق تويغۇزۇش-كىيىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىساق ، بىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىمىز پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ» دېگەنىدى . بۇ ئاددىي سۆز ئۇنىڭ پارتىيىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىگە ۋە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىزغا بولغان ماھىيەت جەھەتتىكى چوڭقۇر تونۇشىنى ئىپادىلەيدۇ . يولداش چېن يۈن سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قانۇنىيىتى ئۈستىدە

چوڭقۇر ئىزدىنىپ ۋە ئۇنى توغرا ئىگىلەپ ، پارتىيىمىزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتكە ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى يارىتىپ بەردى .

پارتىيە 14 -قۇرۇلتىيىدىن كېيىن يولداش چېن يۈن رەھبەرلىك ئورنىدىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقتى ، لېكىن ئۇ يەنىلا پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك كۆڭۈل بۆلۈپ ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئاخىرقى نەپەسىگىچە ئىزچىل تەۋرەنمەي قوللاپ كەلدى .

يولداشلار ، دوستلار !

يولداش چېن يۈننىڭ 70 نەچچە يىللىق ئىنقىلابىي ھاياتىدا تولۇق ئىپادىلەنگەن پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسىغا خاس جاسارىتى ، شىجائىتى ۋە يۈكسەك سىياسىي ئەقىل-پاراسىتىدىن شەكىللەنگەن ئالىيجاناب ئىدىيىسى ، پەزىلىتى ۋە خىسلىتى بىزگە پارلاق ئۈلگە تىكلەپ بەردى .

يولداش چېن يۈن غايە يولىدا ئىزچىل ئىزدىنىپ ، پارتىيە ۋە خەلققە باشتىن-ئاخىر سادىق بولۇپ كەلدى . يولداش چېن يۈن مۇنداق دېگەنىدى ، كومپارتىيە ئەزاسى پارتىيىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى كونكرېت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش يولىدا كۈرەش قىلىپلا قالماي ، بەلكى ئۆزىنىڭ كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشتىكى ئىنقىلابىي كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇشى كېرەك . كۈرەش قانچىلىك جاپالىق ، ئەھۋال قانچىلىك مۇرەككەپ بولسۇن ، ئىش ئوڭۇشلۇق ياكى ئوڭۇشسىز بولسۇن ، يولداش چېن يۈن سوتسىيالىزم ، كوممۇنىزم ئېتىقادىدا ئىزچىل تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ ، كوممۇنىستلارغا خاس تەۋرەنمەس ئىرادىسىنى ۋە پرولېتارىياتقا

خاس كۆچلۈك پارتىيىۋىلىكىنى ئىپادىلىدى . يولداش چېن يۈننىڭ ئالىيجاناب ئىدىيىگە بولغان تەلپۈنۈشى ئۈنىڭ خەلققە بولغان چەكسىز ساداقىتىدە ، خەلققە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنەتتى . يولداش چېن يۈننىڭ مۇنداق بىر جۈملە مەشھۇر سۆزى بار : «ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئېغىز ئېچىش قۇرۇق گەپ قىلغانلىق بولىدۇ» . ئۇ بىز كوممۇنىستلار خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە ھەر كۈنى كۆڭۈل بۆلۈشىمىز شەرت دەپ تەكىتلىدى . ئىقتىسادىي خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىشتا بولسۇن ، ھەقىقىي تۇردە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش— ئۇ ئەمەل قىلىدىغان ئىزچىل پرىنسىپ ئىدى . ئۇ چوڭقۇر مەنىلىك ۋە سەمىمىيلىك بىلەن مۇنداق دېگەنىدى : بىز نەچچە ئون يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئىنقىلابتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق ، ئىنقىلاب مېۋىلىرىنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويماسلىقىمىز كېرەك . ھازىر بىز ئىنقىلاب مېۋىلىرىنى قانداق قىلىپ مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز ، بۇنىڭدىكى مۇھىم ھالقا خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ھەقىقىي تۇردە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش كېرەك . ئۇ پۈتۈن پارتىيىنى ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا قايتا-قايتا ئاگاھلاندۇرۇپ ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئىستىلى مەسىلىسى— پارتىيىنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە دېگەن مەشھۇر ھۆكۈمنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانىدى . ئالىيجاناب غايە يولىدا ئىزچىل ئىزدىنىش بىلەن خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىش يولداش چېن يۈننىڭ ئەمەلىيىتىدە مۇكەممەل بىرلەشكەنىدى .

يولداش چېن يۈن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ

تۇرۇپ ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشقا جۈرئەت قىلدى . يولداش چېن يۈن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ماركسىزمنىڭ تۈپ ئىدىيىۋى لۇشيەنى ، ھەقىقىي ماركسىزم بىلەن ساختا ماركسىزمنى پەرقلەندۈرىدىغان تۈپ بەلگىنىڭ بىرى ، دەپ تەكىتلىدى . ئۇ ئۇزاق ئەمەلىيەت ۋە ئۆز تەسىراتلىرى ئارقىلىق يەكۈنلەپ چىققان «يۇقىرىغىلا ، كىتابقىلا ئېسىلىۋالماسلىق ، پەقەت ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش كېرەك ، ئالماشتۇرۇش ، سېلىشتۇرۇش ۋە تەكرارلاش» دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمغا تولغان پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ، خىزمەت ئۇسۇلى ۋە رەھبەرلىك پرىنسىپى ، ماركسىزملىق پەلسەپە ۋە پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنگە قوشقان مۇھىم تۆھپە . يولداش چېن يۈن مۇنداق دەپ تەكىتلەيدۇ ، ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسى ئىنقىلاب ۋە پارتىيە مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى ، ھەقىقەتنى تەكىتلىشى ، ئىشنى قانداق قىلغاندا يۇقىرىلارغا ۋە ئىنقىلابقا پايدىلىق بولسا ، شۇنداق قىلىشى كېرەك . يولداش چېن يۈن پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىپ ، ئادالەت يولىدا ھەق سۆز قىلىپ ، باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەپ ، خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالدى . يولداش چېن يۈن زۈنيى يىغىنىدا يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ توغرا تەشەببۇسىنى قەتئىي قوللاپ ، يىغىنىڭ يولداش ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى توغرا رەھبەرلىكنى تۇرغۇزۇشنى قوللىدى . «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ، يولداش چېن يۈن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قايتىدىن قاتنىشىشىنى قەتئىي قوللىدى ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئىككى ئومۇمەن»دىن ئىبارەت خاتا قاراشنى تەنقىد قىلغانلىقىنى قوللىدى ، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى

توغرىسىدىكى مۇنازىرىنى قوللاپ ، 1976-يىلى 4-ئايدا يۈز بەرگەن تىيەنئەنمېن ۋەقەسىنى ۋە ناھەق-يالغان-خاتا دېلولارنى ئاقلاش ئىشلىرىنى توغرا تونۇشنى ۋە ئۇنىڭغا توغرا باھا بېرىشنى تەكىتلىدى . يولداش چېن يۈن ، ئومۇمەن ھەقىقەت دەپ ھېسابلىغان ، توغرا تاپقان ئىشلاردىن ئەزەلدىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمىدى ، پارتىيە ۋە خەلققە ئېھتىياجلىق ئىشلارنى ، ئەھۋالنىڭ قانچىلىك مۇرەككەپ بولۇشىغا ، ۋەزىيەتنىڭ قانچىلىك خەتەرلىك بولۇشىغا قارىماي ، قەتئىي تەۋرەنمەي داۋاملاشتۇردى . يولداش چېن يۈننىڭ ھەقىقەتتە-پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشتەك ئاجايىپ جاسارىتى ۋە قەتئىي مەيدانى ئۇزۇل-كېسىل ماتېرىيالزىمچىغا خاس شەخسىيەتسىز ۋە قورقماس روھىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەردى .

يولداش چېن يۈن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە ماھىر ، ئىشنى ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشنى قەدىرلەيدۇ . يولداش چېن يۈن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئۈستىدىكى مەسئۇلىيىتىنىڭ زورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتى . ئۇ مۇنداق دەيدۇ ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈمىدنى پارتىيىمىزگە باغلىدى ، بىزنىڭ مۇشۇنداق مەسئۇلىيىتىمىز بار ، ئۇنى ئوبدان ئۆتىمىسەك بولمايدۇ ، ئۇنى ئوبدان ئۆتىمەسلىك بىر ئادەمگە ، بىر قانچە ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك ئىش ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش . يولداش چېن يۈن مۇنداق دەپ تەكىتلەيدۇ : «بارلىق توغرا سىياسەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىي ئەھۋاللارنى ئىلمىي تەھلىل قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن» ، «بىز %90 تىن ئارتۇق ۋاقىتنى ئەھۋاللارنى ئېنىقلاشقا سەرپ قىلىشىمىز ، %10 كە يەتمىگەن ۋاقىتنى تەدبىر بەلگىلەشكە سەرپ قىلىشىمىز كېرەك» . يولداش چېن يۈن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ماھىر ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەيدۇ ، مۇبالىغىلاشتۇرۇشقا ،

يەكىگىللىك قىلىشقا ، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە بېرىلىپ كېتىشكە قارشى تۇردۇ . ئۇ ئەزەلدىن قۇرۇق سۆز قىلمايدۇ ، ھەربىر مەسىلىنى چوڭقۇر تەكشۈرگەن ۋە ئەتراپلىق ئويلاشقاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويىدۇ ، چوڭ ئىشلاردا يىراقنى كۆزدە تۇتىدۇ ، كىچىك ئىشلاردا قىلىنى قىرىق يارىدۇ . يولداش چېن يۈن ئاممىغا ئىشىنىدۇ ، ئاممىغا تايىنىدۇ ، ئۇ ھەمىشە «ئاممىنىڭ جانجان مەسىلىسىنى ھەل قىلىش چارىلىرىنى جەزمەن ئامما بىلەن مۇھاكىمە قىلىش ، ئامما ئىچىدىن ئىزدەش كېرەك .» «ئاممىنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىش— بارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى» دەپ تەكىتلەيدۇ . يولداش چېن يۈن دېموكراتىك ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ ، كەڭ دائىرىدە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىگە بولۇپمۇ ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرگە قۇلاق سېلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ ، پايدا-زىياننى قايتا-قايتا دەڭسەپ كۆرۈپ ، ئېھتىيات بىلەن تەدبىر كۆرىدۇ ، ئىشنى پۇختا قىلىشقا تىرىشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۇ كۆپ پىكىر يۈرگۈزىدۇ ، كونا قائىدىلەرگە ئېسىلىۋالماي ، ھامان دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ ، بىر تەرەپتىن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ ، بىر تەرەپتىن ئىزدىنىپ ، بىر تەرەپتىن يەكۈنلەپ ، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا دائىر پىكىر يوللىرىنى ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئىجادچانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ . ئۇ ، خىزمەتنى بىر-بىرلەپ پۇختا ئىشلەش كېرەك ، خىزمەتتە تەلەي سىناش روھىي ھالىتىدە بولماسلىق ، ئىشنى ئاسانلا ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئارزۇ قىلماسلىق كېرەك ؛ خىزمەتلەرنى بىر-بىرلەپ ئىشلەش ، ھەربىر خىزمەتنى ئاخىرغىچە ئۈنۈملۈك ، ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئىشلەش كېرەك دەپ تەكىتلەيدۇ .

يولداش چېن يۈننىڭ خىزمەتتىكى بۇنداق روشەن ئالاھىدىلىكى ۋە رەھبەرلىك ئىستىلى ھەقىقىي ماركسىزمچىنىڭ ئەمەلىيەتچىل ئىلمىي پوزىتسىيىسىنى، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەيدىغان ئىنقىلابىي روھىنى ۋە تولۇپ تاشقان ئىجادكارلىق روھىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەردى.

يولداش چېن يۈن كەمتەر ۋە ئېھتىياتچان بولۇپ، باشتىن-ئاخىر نام-مەنپەئەت قوغلاشمىدى. يولداش چېن يۈننىڭ پارتىيىۋىلىكى كۈچلۈك، پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدۇ، ھەققانىي ئىش قىلىدۇ، خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويمايدۇ. باشتىن-ئاخىر شەخس بىلەن پارتىيىنىڭ ئورنىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىپ كەلدى. يولداش چېن يۈن ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب ھاياتىدا ئەگرى-توقايلىقلارغىمۇ دۇچ كەلگەنىدى. لېكىن ئۇ باشتىن-ئاخىر ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىتتىپاقلىقنى قوغدىدى، جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالىدىغان، ئارقىغا تارتىشىپ تۇرۇۋالىدىغان ئىشنى قىلمىدى. يولداش چېن يۈن مۇنداق دېگەنىدى: «بىر ئادەم ئۇچۇن ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىش ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۇچۇن كۈرەش قىلىش.» ئۇ پارتىيە ۋە خەلق ئۇچۇن ئاجايىپ تۆھپە قوشتى، ئەمما ئۇ بارلىق تۆھپىسىنى پارتىيە ۋە خەلققە ئاتىغانىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ھەرقانداق ئادەم خەلقتىن، پارتىيىدىن ئايرىلسا بىرەر ئىشنىمۇ باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ؛ بىر ئادەمنىڭ پارتىيە ئۇچۇن خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشى تېگىشلىك ئىش. نەتىجىگە ئېرىشىش ئالدى بىلەن خەلقنىڭ كۈچىدىن، ئىككىنچىدىن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن، ئاندىن قالسا شەخسنىڭ كۈچىدىن بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە پۇقرالارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئازراقلا ئىش قىلدۇق، شۇنچىلىكلا گەپ، بۇنىڭدىن ئازراقمۇ

مەغرۇرلىنىشقا بولمايدۇ . يولداش چېن يۈنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى كوممۇنىستلارنىڭ ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەيدىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئالىجاناب پەزىلىتىنى تولۇق نامايان قىلدى .

يولداشلار، دوستلار !

يولداش چېن يۈن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، پارتىيىمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ، ئىنقىلاب ، قۇرۇلۇش ، ئىسلاھات ئېلىپ بارغان ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى بارلىق مۇھىم ئىشلارنى دىگۈدەك باشتىن كەچۈردى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە بىر يۈرۈش مۇھىم تەدبىرلەرنى بەلگىلەش ۋە يولغا قويۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، كۆپ قېتىم پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئاچقۇچلۇق مەزگىللەردە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىنى بەلگىلەشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى . يولداش چېن يۈن ئۆمۈر بويى قان-تەرىنى ۋە زېھنىنى پارتىيە ۋە خەلققە بېغىشلىدى، ئۇنىڭ ھاياتى ئۇلۇغ ھايات، پارلاق ھايات . يولداش چېن يۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن، ئېلىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر زېھىن كۈچىنى تەقدىم قىلىپ، ئۆچمەس تۆھپە يارىتىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا يۇقىرى ئابرويغا، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر

بولدى . يولداش چېن يۈننىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرى مەڭگۇ تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلىدۇ ، يولداش چېن يۈننىڭ ئېسىل پەزىلىتى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۇ ساقلىنىدۇ ، يولداش چېن يۈننىڭ ئىدىيىسى ۋە پەزىلىتى مەڭگۇ بىزنىڭ ئۆزلۈكسىز يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشىمىزگە ئىلھام بېرىدۇ .

يولداش چېن يۈندىن ئايرىلغىنىمىزغا 10 يىل بولدى . ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزىدىغىنىمىز شۇكى ، 10 يىلدىن بۇيان ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەتئىي تۈردە ئىنتىلىپ ئاكتىپلىق بىلەن كۆرەش قىلىشى ئارقىسىدا ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 2 -قەدەملىك ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇرۇپ ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ 3 -قەدەملىك ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلماقتىمىز .

يولداشلار ، دوستلار :

نۆۋەتتە ئىسلاھاتىمىزنىڭ ئىسلاھات ، تەرەققىيات ئىشلىرى ئاچقۇچلۇق پەيتتە تۇرماقتا ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ 16 -قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن ئۇلۇغ نىشانغا ئاساسەن پۈتۈن زېھنى بىلەن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ ، پۈتۈن نىيەت ، پۈتۈن مەقسەتتە تەرەققىياتنى كۆزلەپ ، يۈكسەك جاسارەت بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ مۇساپىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ . پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ مەنزىلى چەكسىز گۈزەل . شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ، بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەككى ، خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىش ، مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ ئېغىر ۋەزىپىلىرى

ئالدىدا بىزنىڭ ئىلگىرىلەش مۇساپىمىزمۇ قىيىنچىلىققا تولغان . بىز چوقۇم خەۋپ-خەتەر ئىچىنى كۆچەيتىپ ، خاتىرجەم شارائىتتا تۇرغاندا خەۋپ-خەتەرنىمۇ ئويلاپ ، مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك پۇرسەت مەزگىلىنى چىڭ تۇتۇپ ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىشىمىز ، ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى تۈرلۈك خەۋپ-خەتەر ۋە سىناقلارغا ئۇنۇملۇك تاقابىل تۇرۇشىمىز ، پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار ئېچىپ بەرگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى تەۋرەنمەستىن ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك . بۇ بىزنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيىتىمىز ، شۇنداقلا بىزنىڭ پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنى ئەڭ ياخشى خاتىرىلىگىنىمىز بولىدۇ . بىز ماركسىزم-لېنىنىزم ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىسىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشىمىز ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ، ئەمەلىيەت ئاساسىدىكى نەزەرىيە يېڭىلاش ئىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈپ ، ماركسىزمنىڭ جۇڭگولىشىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈپ ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىشتىكى ئىدىيىۋى ئاساسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىشىمىز كېرەك . بىز ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ئارقىلىق ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىيىتىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ ، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش-دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپىسى بولغان تەرەققىياتنى چىڭ تۇتۇپ ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ مەركەزنى قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇتۇپ ، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ،

شەھەر-يېزا تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، رايونلار تەرەققىياتىنى بىر تۇتاش پىلانلاش، ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ تەڭكەش تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئىچكى تەرەققىيات بىلەن ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى بىرتۇتاش پىلانلاش سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك بىلەن ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. بىز تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي يولغا قويۇپ، تىنچ تەرەققىيات يولىدا قەتئىي مېڭىپ، ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت تۈپ دۆلەت سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن بولغان دوستانە ئالاقىنى ئىزچىل راۋاجلاندۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن بولغان باراۋەر-ھەمكارلىق ۋە ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك. بىز پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى، ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى داۋاملىق پۇختىلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيىنى ئومۇم ئۈچۈن قۇرۇش، ھاكىمىيەتنى خەلق ئۈچۈن يۈرگۈزۈشنىڭ ماھىيەت جەھەتتىكى تەلىپىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى ۋە

پارتىيىنىڭ ئىلغارلىق قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئىككى بولسۇن»نى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، خەلقنى كۆزلەش، راستچىل، پاك بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئىجادكارلىق، ئۇيۇشقاقلىق، جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز، بۇ ئارقىلىق پارتىيىمىزنى باشتىن-ئاخىر پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان ۋە يېتەكلەيدىغان كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسىغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

يولداشلار!

بىز تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، جاپالىق ئىشلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ داغدام يولىدا باتۇرلارچە داۋاملىق ئالغا باسايلى!

本书根据人民出版社 2005 年 6 月第 1 版北京第 1 次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2005-يىل 6-ئايدا نەشر قىلىنغان 1-نەشرى بېيجىڭ 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

# يولداش چېن يۈن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

(2005-يىل 6-ئاينىڭ 13-كۈنى)

**خۇ جىنتاۋ**

*

تەرجىمە قىلغۇچى: جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزى

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

تىزغۇچى: جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزى

باسقۇچى: دىشىن باسما زاۋۇتى

2005-يىل 6-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى

2005-يىل 6-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 1.00 يۈەن